# مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك

(بېشى 1 ـ بەتتە)

مەركىزىي گۈزەل سەنئەت شۆيۈەنىنىڭ مۇدىرى فەن دىئەن، جۇڭگو كېسەللىك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزى پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى لۇ جياڭ، بېيجىڭ داشۆ تېببىي بۆلۈمىنىڭ دائىمىي مۇئاۋىن مۇدىرى، بېيجىڭ داشۆ 3 ـ دوختۇرخانىسىنىڭ دوختۇرخانا باشلىقى چياۋ جيې، بېيجىڭ تەنتەربىيە داشۆسى جۇڭگو تەنتەربىيە سىياسەت تەتقىقات يۇرتىنىڭ ئىجرائىيە باشلىقى باۋ مىڭشياۋدىن ئىبارەت مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ساھەسىدىكى ئون مۇتەخەسسىس ۋە ۋەكىل ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ سۆز قىلىپ، مائارىپ ئىسلاھاتى ۋە تەرەققىياتى، مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىش ۋە يېڭىلىق يارىتىش، سەھىيە ئىختىساسلىقلار قوشۇنى قۇرۇلۇشى، ئومۇمىيۈزلۈك تەنتەربىيە كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇش قاتارلىقلار توغرىسىدا پىكىر ۋە تەكلىپ بەردى. شى جىنپىڭ سۆز قىلغان ھەربىر ۋەكىل بىلەن چوڭقۇر پىكىر ئالماشتۇرۇپ، ئالاقىدار ئەھۋاللارنى سوراپ، بىر قىسىم خىزمەت ۋە مەسىلىلەر توغرىسىدا يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا پىكىرلەرنى ئاڭلىدى، باھا بەردى، نەق مەيدان كەيپىياتى قىزغىن، جانلىق بولدى.

كۆپچىلىكنىڭ سۆزىنى ئەستايىدىل ئاڭلىغاندىن كېيىن، شى جىنپىڭ مۇھىم سۆز قىلدى. ئۇ مۇنداق بىلدۈردى: كۆپچىلىك ناھايىتى ياخشى سۆز قىلىپ، ناھايىتى قىممەتلىك پىكىر ۋە تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى، يىغىنغا قاتناشقان باشقا مۇتەخەسسىس ۋە ۋەكىللەر يازما سۆز تاپشۇردى، ئالاقىدار تەرەپلەرنىڭ تەتقىق قىلىپ قوبۇل قىلىشىنى سورايمەن.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: مائارىپ دۆلەتنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى، پارتىيەنىڭ ئۇلۇغۋار پىلانى. «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، بىز پارتىيە ۋە دۆلەت ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات پۈتۈن ۋەزىيىتى يۇكسەكلىكىدىن پارتىيەنىڭ مائارىپ فاڭجېنىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مائارىپ ئىشلىرىنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇشتا چىڭ تۇرۇپ، پارتىيە ئۈچۈن ئادەم تەربىيەلەش، دۆلەت ئۈچۈن ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، خەلق رازى مائارىپنى تىرىشىپ بەرپا قىلىپ، مائارىپنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تېز ئالغا سىلجىتىش يېڭى مۇساپىسىدە مىللەتنىڭ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت ئۇلۇغ ۋەزىپىنى زىممىسىگە ئالىدىغان دەۋر يېڭى كىشىلىرىنى يېتىشتۈرۈشىمىز كېرەك. سوتسىيالىستىك مەكتەپ باشقۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، ئەخلاق ئارقىلىق ئادەم تەربىيەلەشنى مائارىپنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى قىلىپ، مائارىپنىڭ سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشىنى يېتىلدۈرۈش ۋە ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىشتىكى مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، مەكتەپلەردە ئىدىيەۋى ـ سىياسىي نەزەرىيە دەرسىنى ئىسلاھ قىلىش ۋە ئۇنىڭدا يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مەكتەپلەرنىڭ تەنتەربىيە، گۈزەللىك تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، ئەمگەك تەربىيەسىنى كەڭ قانات يايدۇرۇپ، ساپا مائارىپىنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، مائارىپ ئادىللىقىنى ئالغا سىلجىتىپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەخلاقىي، ئەقلىي، جىسمانىي، گۈزەللىك، ئەمگەك جەھەتلەردىن ئەتراپلىق يېتىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈپ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتى، جەمئىيەت مەسئۇلىيەت تۇيغۇسى، يېڭىلىق يارىتىش روھى، ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈش ئىقتىدارىنى يېتىلدۈرۈشىمىز كېرەك. يېڭى تەرەققىيات ئەندىزىسىگە ئۇيغۇنلاشقان مائارىپ قۇرۇلمىسى، پەن ـ كەسىپ قۇرۇلمىسى، ئىختىساسلىقلارنى يېتىشتۈرۈش قۇرۇلمىسىنى ئەلالاشتۇرۇپ، ئومۇمىي خەلقنىڭ ئۆمۈرلۈك ئۆگىنىشىنى ئالغا سىلجىتىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈشىمىز كېرەك. دۆلىتىمىزدىكى ئالىي مەكتەپلەر ئېغىر مەسئۇلىيەتنى باتۇرلۇق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ، دىققەتنى دۆلەتنىڭ ئىستراتېگىيە ئېھتىياجىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاچقۇچلۇق، يادرولۇق تېخنىكىلاردا تېخنىكا ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى تېزلىتىشنى نىشانلىشى كېرەك. مەۋقەنى دۆلەتنىڭ رايون تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىگە مۇلازىمەت قىلىشقا قويۇپ، رايون مائارىپ بايلىقىنى تەقسىملەشنى ئەلالاشتۇرۇپ، نۇقتا، لىنىيە، دائىرە بىرلەشكەن، شەرقىي قىسىم، ئوتتۇرا قىسىم، غەربىي قىسىم رايونلار ماسلىشىدىغان مائارىپ تەرەققىيات بوشلۇقى ئەندىزىسىنى تېز شەكىللەندۈرۈپ، مائارىپ مۇلازىمىتى رايون تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرۈشىمىز كېرەك. مائارىپ ساھەسىدىكى ئۇنىۋېرسال ئىسلاھاتنى ئومۇمىيۈزلۈك چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، مائارىپ ئىسلاھاتىنىڭ سىستېمىلىقلىقى، بىر پۈتۈنلۈكلۈكى، ماسلىشىشچانلىقىنى كۈچەيتىشىمىز كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلدىغان، ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرىلەيدىغان ئۇلۇغ ئىش، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەتنىڭ گۈللىنىشى، تەرەققىياتى بولمىسا، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلىشىش بولمايدۇ. مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىپ، جۇڭخۇا ئېسىل ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنىڭ ئىجادىي ئايلىنىشى، ئىجادىي راۋاجلىنىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئىنقىلابىي مەدەنىيەتكە ۋارىسلىق قىلىپ، سوتسىيالىستىك ئىلغار مەدەنىيەتنى تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جۇڭخۇا مەدەنىيىتىنىڭ يېڭى شان ـ شەرىپىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىپ، سوتسىيالىستىك مەدەنىيەت كۈچلۈك دۆلىتى قۇرۇش كېرەك. «بەشنى بىر گەۋدە قىلىش» ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسىنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ئالغا سىلجىتىش، «تۆت ئومۇمىيۈزلۈك» ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنلاشتۇرمىسىنى ماس ئالغا سىلجىتىشتا مەدەنىيەت مۇھىم مەزمۇن؛ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇشتا مەدەنىيەت مۇھىم تىرەك نۇقتىسى؛ خەلقنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان گۈزەل تۇرمۇش ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشتا مەدەنىيەت مۇھىم ئامىل؛ ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدىكى ھەر خىل خەۋپ ـ خەتەر، خىرىسلار ئۈستىدىن غەلىبە قىلىشتا مەدەنىيەت مۇھىم كۈچ مەنبەسى. مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى پۈتۈن ۋەزىيەت خىزمىتىدە گەۋدىلىك ئورۇنغا قويۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشى ئارقىلىق مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىغا يېتەكچىلىك قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك مەنىۋى ـ مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، مەدەنىيەت ئىشلىرى ۋە مەدەنىيەت كەسپىنى گۈللەندۈرۈپ، تەرەققىي قىلدۇرۇپ، جەمئىيەتنىڭ مەدەنىيلىك دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈپ، مەدەنىيەتنىڭ كەيپىياتى يېتەكلەش، خەلقنى تەربىيەلەش، جەمئىيەتكە مۇلازىمەت قىلىش، تەرەققىياتقا تۈرتكە بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇش كېرەك. غايە ـ ئېتىقاد تەربىيەسىنى دائىملاشتۇرۇش، تۈزۈملەشتۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، پارتىيە تارىخى، يېڭى جۇڭگو تارىخى، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىش تارىخى، سوتسىيالىزمنىڭ تەرەققىيات تارىخى تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، كوللېكتىۋىزم، سوتسىيالىزم تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، كىشىلەرنى يول ئىشەنچى، نەزەرىيە ئىشەنچى، تۈزۈم ئىشەنچى، مەدەنىيەت ئىشەنچىنى چىڭىتىشقا يېتەكلەپ، بارلىق خەلقنىڭ ئىدىيە جەھەتتە، مەنىۋى جەھەتتە زىچ ئىتتىپاقلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: خەلقنىڭ ساغلاملىقى جەمئىيەت مەدەنىيلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئاساسى، مىللەتنىڭ گۈللەپ ياشنىشى ۋە دۆلەتنىڭ باي ـ قۇدرەتلىك بولۇشىنىڭ مۇھىم بەلگىسى، شۇنداقلا كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئورتاق ئىنتىلىشى. پۈتۈن ۋەزىيەت يۇكسەكلىكىدە تۇرۇپ، يىراقنى كۆزلەپ، دىققەتنى دۇچ كەلگەن كونا قىيىن مەسىلە ۋە يېڭى خىرىسقا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي تەدبىر، قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ، ساغلام جۇڭگو قۇرۇلۇشىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئالغا سىلجىتىش كېرەك. خەلقنىڭ ساغلاملىقىنى ئالدىن تەرەققىي قىلدۇرۇلىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ئورۇنغا قويۇپ، تىرىشىپ خەلقنىڭ ساغلاملىقىغا ھەر تەرەپلىمە، پۈتۈن دەۋرىيلىك ھالدا كاپالەتلىك قىلىپ، مۇكەممەل تۈزۈم سىستېمىسى ئورنىتىشنى تېزلىتىپ، ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى كاپالەتلەندۈرۈپ، ساغلاملىققا پايدىلىق تۇرمۇش شەكلى، ئىشلەپچىقىرىش شەكلى، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىيات ئەندىزىسى ۋە ئىدارە قىلىش ئەندىزىسىنى شەكىللەندۈرۈشنى تېزلىتىپ، ساغلاملىقنى ئىقتىساد، جەمئىيەتنىڭ ياخشى سۈپەتلىك ماس تەرەققىياتىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. قەتئىي تەۋرەنمەي ئالدىنى ئېلىشنى ئاساس قىلىش فاڭجېنىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئالدىنى ئېلىش بىلەن داۋالاشنى بىرلەشتۈرۈش، بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەش، ئاممىۋى ئالدىنى ئېلىش، ئاممىۋى تىزگىنلەشتە چىڭ تۇرۇپ، مۇقىم بولغان ئاممىۋى سەھىيە ئىشلىرى سېلىنمىسى مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، كېسەللىك ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى ئىسلاھ قىلىش سالمىقىنى زورايتىش كېرەك. دىققەتنى خەلقنىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدىغان ئېغىر، زور كېسەل ۋە ئاساسلىق مەسىلىلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ، ساغلام جۇڭگو ھەرىكىتىنى يولغا قويۇشنى تېزلىتىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىك تازىلىق ھەرىكىتىنى چوڭقۇر قانات يايدۇرۇپ، پۇقرالار ساغلاملىقىنى ئىلگىرى سۈرۈش سىياسىتىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جەمئىيەتنى سەپەرۋەر قىلىش مېخانىزمىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ساغلاملىق تەربىيەسى تۈزۈمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، ئېغىر، زور كېسەللىك مەنبەدىن ئالدىنى ئېلىپ ۋە ئۇنى تىزگىنلەپ، كېسەل داۋالاشنى مەركەز قىلىشتىن ساغلاملىقنى مەركەز قىلىشقا قاراپ ئۆزگەرتىشنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. ئاساسىي داۋالاش سەھىيە ئىشلىرىنىڭ ئاممىۋى مەنپەئەتدارلىقىدا چىڭ تۇرۇپ، ئەلا سۈپەتلىك تېببىي بايلىق سىغىمىنى كېڭەيتىش ۋە رايونلارغا تەكشى ئورۇنلاشتۇرۇشنى تېزلىتىپ، كەڭ خەلق ئاممىسى يېقىن ئەتراپتا ئادىل ئېرىشەلەيدىغان، سىستېمىلىق، سىجىل ئالدىنى ئېلىش، داۋالاش، سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش قاتارلىق ساغلاملىق مۇلازىمەتلىرىدىن بەھرىمەن قىلىش كېرەك. يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ئۇلۇغ روھىنى زور كۈچ بىلەن ئەۋج ئالدۇرۇپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش داۋامىدا ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكەن تەجرىبە ۋە ئەندىزىلەرنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، تۈزۈم شەكلى ئارقىلىق مۇستەھكەملەش كېرەك. خەلقئارا ئالاقە ـ ھەمكارلىقنى كۈچەيتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ خەلقئارا ئېغىر، پەۋقۇلئاددە زور تۇيۇقسىز يۈزبەرگەن ئاممىۋى سەھىيە ۋەقەلىرىگە تاقابىل تۇرۇش خىزمىتىگە قاتنىشىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، خەلقئارا مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىپ، يەر شارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرى بىلەن تەمىنلەشتىكى ئەڭ چوڭ دۆلەتلىك رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، ئىنسانىيەت سەھىيە ـ ساغلاملىق ئورتاق گەۋدىسىنى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: تەنتەربىيە خەلقنىڭ ساغلاملىق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىدىغان مۇھىم يول، خەلق ئاممىسىنىڭ گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئىنتىلىشىنى قاندۇرىدىغان، ئادەمنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرىدىغان مۇھىم ۋاستە. «14 ـ بەش يىل» مەزگىلىدە، تەنتەربىيەنىڭ تەرەققىياتى دۇچ كېلىدىغان يېڭى ۋەزىيەتكە ئىلمىي ھۆكۈم قىلىپ، مەسىلە يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، دىققەتنى نۇقتىلىق ساھە ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلارغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، تەنتەربىيە ئىشلىرى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز يارىتىش كېرەك. خەلق ئاممىسىنىڭ ئېھتىياجىنى قاندۇرۇشنى زىچ چۆرىدەپ، تېخىمۇ يۇقىرى سەۋىيەلىك ئومۇمىي خەلق بەدەن چېنىقتۇرۇش ئاممىۋى مۇلازىمەت سىستېمىسى بەرپا قىلىش كېرەك. ساغلاملىق ئۆتكىلىنى ئالدىغا سۈرۈشكە تۈرتكە بولۇپ، تەنتەربىيە ۋە سەھىيە ـ ساغلاملىق قاتارلىق تارماقلار ماسلاشقان، پۈتۈن جەمئىيەت ئورتاق قاتناشقان تەنھەرىكەت ئارقىلىق ساغلاملىقنى ئىلگىرى سۈرىدىغان يېڭى ئەندىزىنى ئورنىتىش كېرەك. ساغلاملىق بىرىنچى دېيىدىغان مائارىپ ئىدىيەسىدە چىڭ تۇرۇپ، مەكتەپ تەنتەربىيە خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، ياشلار، ئۆسمۈرلەرنىڭ مەدەنىيەت ئۆگىنىشى بىلەن تەنتەربىيە چېنىقىشىنىڭ ماس تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. تەنتەربىيە كەسپىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، تەنتەربىيە ئىستېمال ئېھتىياجىنى ئۈزلۈكسىز قاندۇرۇش كېرەك. تەنتەربىيەدە ئىسلاھ قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش قەدىمىنى ئالغا سىلجىتىشنى تېزلىتىپ، دۆلىتىمىزنىڭ تەنتەربىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا يېڭى ھاياتىي كۈچ ۋە ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچ قوشۇش كېرەك. ماھارەت تەنتەربىيەسى ئىختىساسلىقلىرىنى يېتىشتۈرۈش، تاللاش، رىغبەتلەندۈرۈش، كاپالەتلەندۈرۈش مېخانىزمى ۋە دۆلەت كوماندىلىرىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىدە يېڭىلىق يارىتىش كېرەك. روھلاندۇرۇش دورىسىغا قارشى تۇرۇش كۆرىشىنى قەتئىي ئالغا سىلجىتىپ، ئەخلاق ئالتۇن مېدالى، خىسلەت ئالتۇن مېدالى، پاكىز ئالتۇن مېدال ئېلىش ئېڭىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، روھلاندۇرۇش دورىسى مەسىلىسىدە «قىلچە كۆرەلمەسلىك» «قىلچە يول قويماسلىق»نى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بېيجىڭ قىشلىق ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى، قىشلىق مېيىپلەر ئولىمپىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە يۇقىرى سۈپەتتە تەييارلىق كۆرۈپ، مۇسابىقىنى قالتىس ئۆتكۈزۈش، مۇسابىقىدە ياخشى نەتىجە قازىنىش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

دىڭ شۆشياڭ، سۈن چۈنلەن، چېن شى، خۇاڭ كۈنمىڭ، شياۋ جيې، خې لىفېڭ سۆھبەت يىغىنغا قاتناشتى.

مەركەزدىكى پارتىيە، ھۆكۈمەت، ئارمىيە، ئاممىۋى تەشكىلاتلارنىڭ ئالاقىدار تارماقلىرىدىكى مەسئۇل يولداشلار، مائارىپ، مەدەنىيەت، سەھىيە، تەنتەربىيە ساھەسىدىكى مۇتەخەسسىس ۋە ۋەكىللەر قاتارلىقلار سۆھبەت يىغىنىغا قاتناشتى.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: بۇ يىل دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشى غەلىبىسىنىڭ 75 يىللىقى، شۇنداقلا بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 75 يىللىقى. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ خاتىرىلەش باشلىقلار يىغىنىنى داغدۇغىلىق ئۆتكۈزۈشى دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ تارىخىي تەجرىبىلىرى ۋە ساۋاقلىرىنى ئەستە چىڭ ساقلاپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى نىزامنامىسىنىڭ ئاساسىي مەقسىتى ۋە پىرىنسىپىغا بولغان قەتئىي ۋەدىسىنى قايتا تەكىتلەشتە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىنسانلار يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىغا قارشى كۈرەش قىلىۋاتىدۇ. ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرى ئۆزئارا ھەمدەم بولۇپ، ئىنسانلارنىڭ ئېغىر، زور ئاپەت ئالدىدىكى جاسارىتى، ئىرادىسى، كۆيۈنۈشىنى نامايان قىلىپ، قاراڭغۇ دەقىقىنى يورۇتتى. يۇقۇم ھامان ئىنسانلار تەرىپىدىن مەغلۇپ قىلىنىدۇ، غەلىبە جەزمەن دۇنيا خەلقىگە مەنسۇپ بولىدۇ!

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى تەكىتلىدى: يۇقۇم ئالدىدا، بىز خەلقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش، ھاياتلىقنى ھەممىدىن ئەلا بىلىش ئىدىيەسىنى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، بارلىق بايلىقلارنى يۆتكەپ توپلاپ، ئىلمىي ئالدىنى ئېلىپ، داۋالاپ، دەل جايىدا تەدبىر يۈرگۈزۈپ، بىرمۇ يۇقۇملانغۇچىنى چۈشۈرۈپ قويماي، بىرمۇ ئاغرىقنى ۋاز كەچمەي، يۇقۇمنىڭ يامىرىشىنى قەتئىي توسۇشىمىز كېرەك. ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىپ، جاپا ـ مۇشەققەتتە بىللە بولۇپ، ئىلىم ـ پەن روھىغا ئەمەل قىلىپ، دۇنيا سەھىيە تەشكىلاتىنىڭ ئاچقۇچلۇق رەھبەرلىك رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ، خەلقئارا بىرلىشىپ ئالدىنى ئېلىش، بىرلىشىپ تىزگىنلەشنى ئالغا سىلجىتىپ، يەر شارىۋى يۇقۇمغا توسۇپ زەربە بېرىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، سىياسىيلاشتۇرۇش، نامىنى بۇلغاشقا قارشى تۇرۇش كېرەك. ئومۇمىيۈزلۈك ۋە دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، سودىنى، بازارنى، ئىشنى، ئوقۇشنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشنى تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، ئىش ئورنى يارىتىپ، ئىقتىسادقا تۈرتكە بولۇپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرتىپى ۋە ھاياتىي كۈچىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كېرەك، ئاساسلىق ئىقتىسادىي گەۋدىلەر ماكرولۇق سىياسەتنى ماسلاشتۇرۇشنى كۈچەيتىپ، ئۆز دۆلىتىنىڭ ئىقتىسادىنى قايتا قوزغىتىپلا قالماي، يەنە دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشى كېرەك. تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەر، بولۇپمۇ ئافرىقا دۆلەتلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈپ ۋە غەمخورلۇق قىلىپ، قەرزنى ئازايتىش ـ كېچىكتۈرۈش، ياردەم بېرىش قاتارلىق جەھەتلەردە دەل ۋاقتىدا ۋە كۈچلۈك تەدبىر قوللىنىپ، «بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ 2030 ـ يىل ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىيات قارالمىسى»نى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ئۇلارنىڭ قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىگە ياردەم بېرىش كېرەك.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: 75 يىل ئىلگىرى، جۇڭگو دۇنيا فاشىزمغا قارشى تۇرۇش ئۇرۇشىنىڭ غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن تارىخىي تۆھپە قوشۇپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنى قۇرۇشنى قوللىدى. بۈگۈنكى كۈندە، ئوخشاش بولغان مەسئۇلىيەتچانلىق روھىغا ئەمەل قىلىپ، جۇڭگو خەلقئارا يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ھەمكارلىقىغا پائال ئاتلىنىپ، يەر شارىۋى ئاممىۋى سەھىيە بىخەتەرلىكىنى قوغداش ئۈچۈن جۇڭگو كۈچىنى قوشتى. جۇڭگو ھەرقايسى دۆلەتلەر بىلەن يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش تەجرىبىسى ۋە دىياگنوز قويۇش ـ داۋالاش تېخنىكىسىدىن داۋاملىق بەھرىمەن بولۇپ، ئېھتىياجى بار دۆلەتلەرنى قوللاپ ۋە ئۇلارغا ياردەم بېرىپ، يەر شارىۋى يۇقۇمغا تاقابىل تۇرۇش ماددىي ئەشيالىرى تەمىنات زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىدۇ ھەم ۋىرۇسنىڭ مەنبەسىنى تەكشۈرۈش ۋە تارقىلىش يوللىرىغا دائىر يەر شارىۋى پەن تەتقىقاتىغا پائال قاتنىشىدۇ. جۇڭگودا كۆپلىگەن ۋاكسىنا 3 ـ قارارلىق كلىنىكىلىق تەجرىبە باسقۇچىغا كىردى، تەتقىق قىلىپ ئېچىش تاماملانغان ھەم ئىشلىتىلگەندىن كېيىن يەر شارىۋى ئاممىۋى مەھسۇلات سۈپىتىدە، ئالدى بىلەن تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە تەمىنلىنىدۇ. جۇڭگو ئىككى يىلدا 2 مىليارد دوللارلىق خەلقئارا ياردەم بىلەن تەمىنلەش ۋەدىسىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، يېزا ئىگىلىكى، نامراتلارنى ئازايتىش، مائارىپ، ئاياللار، باللار، كلىمات ئۆزگىرىشى قاتارلىق ساھەلەردىكى خەلقئارا ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئىقتىساد، جەمئىيىتىنىڭ ئەسلىگە كېلىشى، تەرەققىي قىلىشىغا كۈچ قوشىدۇ.

شى جىنپىڭ مۇنۇلارنى كۆرسەتتى: ئىنسانىيەت جەمئىيىتىنىڭ تەرەققىيات تارىخى تۈرلۈك خىرىس ۋە قىيىنچىلىقلار ئۈستىدىن ئۈزلۈكسىز غەلىبە قىلغان تارىخ. يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ يەر شارىدا كەڭ تارقىلىشى ۋە دۇنيادا 100 يىلدىمۇ كۆرۈلۈپ باقمىغان چوڭ ئۆزگىرىش ۋەزىيىتى بىر ـ بىرىگە تەسىر كۆرسەتتى، لېكىن تىنچلىق ۋە تەرەققىياتتىن ئىبارەت دەۋر باش تېمىسى ئۆزگەرمىدى، ھەرقايسى دۆلەت خەلقلىرىنىڭ تىنچ تەرەققىي قىلىش، ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش ئارزۇسى تېخىمۇ كۈچەيدى. يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمى ئىنسانلار دۇچ كەلگەن ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق كىرىزىس ئەمەس، بىز جەزمەن قول تۇتۇشۇپ تېخىمۇ كۆپ يەر شارىۋى خىرىسلارنى كۈتۈۋېلىش تەييارلىقىنى ياخشى قىلىشىمىز كېرەك.

بىرىنچى، بۇ مەيدان يۇقۇم بىزگە شۇنى بىلدۈردىكى، بىز ئالاقە راۋانلاشقان، مەنپەئەتداش ۋە تەقدىرداش بولغان يەر شارى كەنتىدە ياشاۋاتىمىز. ھەرقايسى دۆلەتلەر بىر ـ بىرىگە زىچ باغلانغان، ئىنسانىيەت تەقدىرداش. ھەرقانداق دۆلەت باشقا دۆلەتلەرنىڭ قىيىنچىلىقىدىن نەپ ئالسا بولمايدۇ، باشقا دۆلەتلەرنىڭ پاراكەندىچىلىكىدىن مۇقىملىققا ئېرىشسە بولمايدۇ. ئەگەر قوشنىسىغا ئورا كولاپ، چەتتە تۇرۇپ تاماشا كۆرسە، باشقا دۆلەتلەر دۇچ كەلگەن تەھدىت ھامان ئۆزى دۇچ كېلىدىغان خىرىسقا ئايلىنىدۇ. بىز بىر ـ بىرىدىن ئايرىلالمايدىغان، ئۆزئارا سىڭىشىپ كەتكەن تەقدىر ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى تۇرغۇزۇپ، كىچىك گۇرۇھ ۋە نۆل نەتىجىلىك ئېلىشىش تەپەككۇرىدىن سەكرەپ چىقىپ، چوڭ ئائىلە ۋە ھەمكارلىشىپ ئورتاق پايدا ئېلىش ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇپ، ئىدېئولوگىيە تالاش ـ تارتىشنى چۆرۈپ تاشلاپ، مەدەنىيلىك توقۇنۇشى تۇزىقىدىن ھالقىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر ئۆز ئالدىغا تاللىغان تەرەققىيات يولى ۋە ئەندىزىسىگە ئۆزئارا ھۆرمەت قىلىپ، دۇنيانىڭ كۆپ خىللىقىنى ئىنسانىيەت جەمئىيىتى تەرەققىياتىنىڭ تۈگىمەس ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچىگە، ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكىنىڭ رەڭگارەڭ تەبىئىي ھالىتىگە ئايلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

ئىككىنچى، بۇ مەيدان يۇقۇم بىزگە شۇنى بىلدۈردىكى، ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشى ئوبيېكتىپ رېئاللىق ۋە تارىخىي ئېقىم. ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىش چوڭ ۋەزىيىتى ئالدىدا، تۆگەقۇشقا ئوخشاش بېشىنى قۇمغا تىقىۋېلىپ يالغاندىن كۆرمەسكە سېلىش ياكى دونكىخوتقا ئوخشاش نەيزە پۇلاڭلىتىپ قارشى تۇرۇشنىڭ ھەممىسى تارىخىي قانۇنىيەتكە خىلاپ. دۇنيا ئۆزئارا بېكىنمە، يەككە ـ يېگانە ھالەتكە قايتالمايدۇ، باشقىلار تەرىپىدىن ئايرىۋېتىلىشى تېخىمۇ مۇمكىن ئەمەس. بىز ئىقتىسادنىڭ يەر شارىۋىلىشىشى ئېلىپ كەلگەن خىرىستىن ئۆزىمىزنى قاچۇرساق بولمايدۇ، جەزمەن باي ـ نامراتلىق پەرقى، تەرەققىيات ھاڭى قاتارلىق مۇھىم، زور مەسىلىلەرگە بىۋاسىتە يۈزلىنىشىمىز كېرەك. بىز ھۆكۈمەت بىلەن بازارنىڭ، ئادىللىق بىلەن ئۈنۈمنىڭ، ئېشىش بىلەن تەقسىماتنىڭ، تېخنىكا بىلەن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ مۇناسىۋىتىنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىپ، تەرەققىياتنى ھەم تەكشى، ھەم يېتەرلىك قىلىپ، تەرەققىيات نەتىجىلىرىدىن ئوخشاش بولمىغان دۆلەت، ئوخشاش بولمىغان قاتلام، ئوخشاش بولمىغان كىشىلەر توپىنى ئادىل مەنپەئەتلەندۈرۈشىمىز كېرەك. بىز ئوچۇق، سىغدۇرۇشچان بولۇش ئىدىيەسىگە ئەمەل قىلىپ، قەتئىي تەۋرەنمەي ئوچۇق دۇنيا ئىقتىسادى بەرپا قىلىپ، دۇنيا سودا تەشكىلاتىنى ئۇل تاش قىلغان كۆپ تەرەپلىك سودا تۈزۈلمىسىنى قوغداپ، بايرىقىمىز روشەن ھالدا يەككە تەرەپچىلىك، قورۇقچىلىققا قارشى تۇرۇپ، يەر شارىۋى كەسىپ زەنجىرى، تەمىنلەش زەنجىرىنىڭ مۇقىملىقى، راۋانلىقىنى قوغدىشىمىز كېرەك.

ئۈچىنچى، بۇ مەيدان يۇقۇم بىزگە شۇنى بىلدۈردىكى، ئىنسانلار ئۆزى ئۈستىدە بىر مەيدان ئىنقىلاب قىلىپ، يېشىل تەرەققىيات شەكلى ۋە تۇرمۇش شەكلىنى تېز شەكىللەندۈرۈپ، ئېكولوگىيە مەدەنىيلىكى ۋە گۈزەل يەر شارى بەرپا قىلىشقا ئېھتىياجلىق. ئىنسانلار ئەمدى تەبىئەتنىڭ قايتا ـ قايتا ئاگاھلاندۇرۇشىغا سەل قارىماسلىقى، ئېلىشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ، سېلىنمىغا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، تەرەققىياتقىلا ئەھمىيەت بېرىپ، قوغداشقا ئەھمىيەت بەرمەيدىغان، پايدىلىنىشقىلا ئەھمىيەت بېرىپ، ئەسلىگە كەلتۈرۈشكە ئەھمىيەت بەرمەيدىغان كونا يولنى بويلاپ ماڭماسلىقى كېرەك. كلىمات ئۆزگىرىشىگە تاقابىل تۇرۇشتىكى «پارىژ كېلىشىمى» يەر شارىنىڭ يېشىل، تۆۋەن كاربونلۇق تىپ ئۆزگەرتىش چوڭ يۆنىلىشىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇ يەر شارىدىن ئىبارەت يۇرت ـ ماكانىنى قوغداشتا قوللىنىشقا تېگىشلىك ئەڭ تۆۋەن چەكتىكى ھەرىكەت بولۇپ، ھەرقايسى دۆلەتلەر جەزمەن ھەل قىلغۇچ قەدەم تاشلىشى كېرەك. جۇڭگو دۆلەتنىڭ ئۆز ئالدىغا تۆھپە قوشۇش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، تېخىمۇ كۈچلۈك سىياسەت ۋە تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، كاربون (IV) ئوكسىدى قويۇپ بېرىشنى 2030 ـ يىلدىن بۇرۇن چوققا قىممەتكە يەتكۈزۈشكە تىرىشىپ، 2060 ـ يىلدىن بۇرۇن كاربوننى نېيتراللاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرىدۇ. ھەرقايسى دۆلەتلەر ئىجادىي، ماس، يېشىل، ئوچۇق، ھەمبەھىرە يېڭى تەرەققىيات ئىدىيەسىنى تۇرغۇزۇپ، يېڭى بىر نۆۋەتلىك پەن ـ تېخنىكا ئىنقىلابى ۋە كەسىپلەر ئۆزگىرىشىنىڭ تارىخىي پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، يۇقۇمدىن كېيىنكى دۇنيا ئىقتىسادىنىڭ «يېشىل ئەسلىگە كېلىشى»گە تۈرتكە بولۇپ، ئىمكانىيەتلىك سىجىل تەرەققىياتنىڭ قۇدرەتلىك بىرىكمە كۈچىنى مۇجەسسەملىشى كېرەك.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)